# دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇۋاتقان شەرقتە يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىش

(بېشى 1 - بەتتە)

«پۇدۇڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەھمىيىتى كۆزنەكلىك رولى، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنىڭ بولغانلىقىدا، بوۋسۇشكە، سىناشقا جۈرئەت قىلىپ، ئاۋۋال يولغا قويۇپ، ئاۋۋال سىنىغانلىقىدا، باشلامچى بولۇش رولىنىڭ بولغانلىقىدا» — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جاراڭلىق، كۈچلۈك سۆزى ھەم پۇدۇڭنىڭ تەرەققىياتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، ھەم قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئاداققىچە داۋاملاشتۇرۇلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

قىرانلىق مەزگىلدىكى پۇدۇڭ دولقۇن بېشىدا تېخىمۇ مەزمۇت تۇرماقتا. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، «ئىسلاھات تامچى يېيىش، ئېچىۋېتىش يولىدا مېڭىش، يېڭىلىق يارىتىشنى كوزىر قىلىش»تا چىڭ تۇرۇۋاتقان پۇدۇڭ «باتۇرلۇق بىلەن ئۆلچەم خادىسى بولۇش، باشلامچى بولۇشقا جۈرئەت قىلىش»روھى بىلەن، جاسارەت بىلەن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى مۆجىزىسىنى ئۈزلۈكسىز ياراتقۇسى.

## باشتىن - ئاخىر بىردەك غەمخورلۇق قىلىش

پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشكە باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

2007 - يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شاڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۆتەۋاتقان يولداش شى جىنپىڭ پۇدۇڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق بىلدۈردى: «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەلپى بويىچە، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇش كېرەك»، «پۇدۇڭنىڭ ‹تۆتتە باشلامچى بولۇش›نى تېز ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك، باشلامچىلىق رولىنى، ‹تۆت مەركەز› قۇرۇشتىكى يادرولۇق فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك».

ئۈلگە كۆرسىتىش، يادرو بولۇش پۇدۇڭغا كۈچلۈك تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ، چەكسىز تەرەققىيات بوشلۇقى بېغىشلىدى.

پۇدۇڭدىكى لۇجيازۇي پۇل مۇئامىلە شەھەرچىسىنىڭ يادرولۇق رايونىغا جايلاشقان «يىنچېڭ ئوتتۇرا يولى» ئىلگىرى لاي - لاتقا ئاقىدىغان جاي ئىدى، ئەمما ھازىر بايلىق ئاقىدىغان جاي بولۇپ قالدى. شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى لۇجيازۇي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لياڭ چىڭ مۇنداق دېدى: 30 يىللىق تەرەققىياتى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن لۇجيازۇيگە ھازىر 44 مىڭدىن كۆپرەك كارخانا توپلاندى، 2019 - يىلى يىغىلغان ئومۇمىي باج سوممىسى 200 مىليارد يۈەندىن ئاشتى.

2010 - يىلى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان يولداش شى جىنپىڭ پۇدۇڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق بىلدۈردى: پۇدۇڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەھمىيىتى كۆزنەكلىك رولىنىڭ، ئۈلگە كۆرسىتىش قىممىتىنىڭ بولغانلىقىدا، بوۋسۇشكە، سىناشقا جۈرئەت قىلىپ، ئاۋۋال يولغا قويۇپ، ئاۋۋال سىنىغانلىقىدا، باشلامچى بولۇش رولىنىڭ بولغانلىقىدا.

«بوۋسۇش» ۋە «سىناش» دېگەن بۇ ئىككى سۆز چوڭقۇر مەناغا ئىگە — 20 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، پۇدۇڭنىڭ ماددىي ئاساسى بار بولدى، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچى زورايدى، لېكىن شۇنىڭغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك رامكا، قېلىپلارمۇ كۆپەيدى. كونا قائىدىلەر بۇزۇۋېتىپ تاشلانمىغان بولسا، توسالغۇلار ئېلىپ تاشلانمىغان بولسا، پۇدۇڭنىڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «بوۋسۇشكە، سىناشقا جۈرئەت قىلىش»نى ئاتاقا ئۆتۈش سىگنالى قىلغان پۇدۇڭ يېڭى بىر نۆۋەتلىك تېز تەرەققىي قىلىش مەزگىلىگە كىردى.

پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بۇ ئاچقۇچلۇق تەدبىرنى چىڭ تۇتۇپ، ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، چوڭقۇر ئويلىنىش، كەسكىن تەدبىر بەلگىلەش ئارقىلىق شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى تەسىس قىلىشنى باشلىدى، ئۇنىڭغا «ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىش، سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەندىزىسىدە يېڭىلىق يارىتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىش»تىن ئىبارەت دەۋر ئېغىر ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى.

2013 - يىلى 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، جۇڭگو (شاڭخەي) ئەركىن سودا سىناق رايونى رەسمىي ۋۇشىكا ئېسىپ قۇرۇلدى.

2016 - يىلى، شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنىگە ئۈچ يىل بولغان پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم يوليورۇق بەردى: «دادىل سىناق قىلىپ، دادىل بوۋسۇپ ئۆتۈپ، ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىپ، كۆپەيتىشكە، كېڭەيتىشكە بولىدىغان تۈزۈمدىكى تېخىمۇ كۆپ يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتىكى تەجرىبە ئېتىزلىق رولىنى يەنىمۇ نامايان قىلىش كېرەك».

يەتتە يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت سورتلۇق ئۇرۇقنى پۈتۈن مەملىكەتكە چېچىلىپ، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ «ياۋا غاز سېپى» ئېچىۋېتىش يېڭى ئەندىزىسىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

2020 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو بېيجىڭ، خۇنەن، ئەنخۇي ئەركىن سودا سىناق رايونى تەسىس قىلىش ۋە جېجياڭ ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ سىغىمىنى كېڭەيتىشنى جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن، دۆلىتىمىزدە ئەركىن سودا سىناق رايونى 21گە يەتتى، يەتتە يىلدىن بۇيان جەمئىي 260 تۈرلۈك تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسى شەكىللىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ياكى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن رايونلارغا يۈزلىنىپ كۆپەيتىلدى، كېڭەيتىلدى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە كىرىشكە ئەگىشىپ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن ۋەزىيىتىدىكى يادرولۇق ئورنى ئۈزلۈكسىز گەۋدىلەندى. ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم ئاخىرقى قارار چىقاردى.

2014 - يىلى 5 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويدى: «شاڭخەي تىرىشىپ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەھەتتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىپ، يەر شارىۋى تەسىر كۈچكە ئىگە پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىگە يۈرۈش قىلىشنى تېزلىتىشى كېرەك».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ سۆزى شاڭخەيگە قارىتىپ ئېيتىلغان، شۇنداقلا پۇدۇڭغا قارىتىپ ئېيتىلغان.

پۇدۇڭنىڭ جاڭجياڭ ئىلىم - پەن شەھەرچىسىدە، تاشقى كۆرۈنۈشى نائۈتلۇس قۇلۇلىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئىمارەت — شاڭخەي گۇاڭيۈەن بار. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن، ئەسلىدە دۆلەت ئىچىدە قىلىش مۇمكىن بولمىغان ياكى چەت ئەلگە چىقىپ ئۆچرەتتە تۇرۇپ قىلدۇرۇش كېرەك بولىدىغان ئانالىز قىلىش خىزمىتىنى «ئىشىك ئالدى»دىلا تاماملىغىلى بولىدىغان بولدى. شاڭخەي گۇاڭيۈەننىڭ ياردىمىدە، پەن تەتقىقات خادىملىرى قۇش زۇكىمى، ئېبولا قاتارلىق كۆپ خىل تارقىلىشچان ۋىرۇس بىلەن يۇقۇش مېخانىزمىنى ئېچىپ بەردى، شاڭخەي گۇاڭيۈەن تەجرىبە سانلىق مەلۇماتلىرى ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ ياسالغان كۆپ خىل يېڭى دورا كلىنىكىلىق سىناق باسقۇچىغا كىردى.

ۋاقىت ئەڭ سادىق خاتىرىلىگۈچى، شۇنداقلا ئەڭ ئوبيېكتىپ گۇۋاھچى.

30 يىلدىن بۇيان، پۇدۇڭ جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىدا باشتىن - ئاخىر ئالدىنقى قاتاردا مېڭىپ، يېڭى دەۋردە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىنىڭ ئۆلچەم خادىسنى ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلدى.

30 يىلدىن بۇيان، پۇدۇڭنىڭ ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى 1990 - يىلدىكى 6 مىليارد يۈەندىن ئۈچقاندەك ئۆرلەپ 2019 - يىلدىكى 1 تىرىليون 273 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ مالىيە ئومۇمىي كىرىمى 431 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يەتتى.

30 يىلدىن بۇيان، پۇدۇڭ چىغىر يوللار گىرەلىشىپ كەتكەن ئېتىزلىقتىن، فۇنكسىيەسى مەركەزلەشكەن، مۇھىم ئامىللىرى تولۇق، ئەسلىھەلىرى ئىلغار زامانىۋى يېڭى شەھەرگە ئايلاندى. دۆلەت ھالقىغان 350 شىركەتنىڭ رايون باش ئىشتابى بۇ جايغا توپلاندى، شاڭخەي ئاكسىيە سودا بازىرى، قەرەللىك مال سودا بازىرى، جۇڭگو پۇل مۇئامىلە قەرەللىك مال سودا بازىرى قاتارلىق مۇھىم ئامىللار بازىرى زىچ جايلاشتى، يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق نەچچە مىڭ كارخانا كۈچ توپلاپ ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرماقتا.

## باتۇرلۇق بىلەن ئۆلچەم خادىسى بولۇش، باشلامچى بولۇشقا جۈرئەت قىلىش

شاڭخەي مېترو 2 - لىنىيەسىنىڭ جاڭجياڭدىكى گاۋكې بېكىتىدىن چىقسىڭىز، ئۇدۇلدا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شاڭخەي دورا تەتقىقات ئورنىنىڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، زوجۇڭجى يولىنى بويلاپ ئۇدۇل شەرققە قاراپ ماڭسىڭىز، يول بويىغا جايلاشقان جۇڭشىن خەلقئارا توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ياسىمىچىلىق شىركىتى، خۇاخۇڭ خۇڭلى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ياساش چەكلىك شىركىتى قاتارلىق توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ساھەسىدىكى باشلامچى كارخانىلار جايلاشقانلىقىنى كۆرىسىز.

بىر بېكەت، بىر يول، بىر ئىلىم - پەن شەھەرچىسى. جاڭجياڭدىكى تەدرىجىي ئۆزگىرىشلەر يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۇدۇڭنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ جانلىق كارتىنىسى.

باشتىن - ئاخىر ئېچىۋېتىش دولقۇنىنىڭ بېشىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇش، بۇ، پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشتە ئەزەلدىن بار بولغان بۇرچ ۋە ئالاھىدىلىك —

2014 - يىلى، باش شۇجى شى جىنپىڭ شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ ۋەيگاۋچياۋ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت زالىغا ئالاھىدە كىردى. باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: «شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونى چوڭ تەجرىبە ئېتىزى، سورتلۇق ئۇرۇق سېلىش، ئەستايىدىل تېرىش، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش كېرەك، ياخشى ھوسۇل ئېلىشقا تىرىشىش، ھەمدە سورتلۇق ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش تەجرىبىسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشىش ئۈمىد قىلىمەن».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى بويىچە، پۇدۇڭ تۈزۈم خاراكتېرلىك ئېچىۋېتىش ئۈستىدە ئىزچىل ئىزدەندى، شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونىدا ئالدى بىلەن خەلقئارادا ئورتاق ئىقىدىغان قائىدە بىلەن جىپسىلاشقان تۈزۈم سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش پاسسىپ تىزىملىكى، خەلقئارا سودا «يەككە كۆزنەك»، ئەركىن سودا ھېساباتى قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۈلگىلىك ۋە يادرولۇق تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى شەكىللەندۈرۈلدى ھەم پۈتۈن مەملىكەتتە كۆپەيتىلدى، كېڭەيتىلدى.

ئىسلاھاتنىڭ كۈچلۈك سادايىنى سىجىل ياڭرىتىش، بۇ، پۇدۇڭنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان ياخشى ئاۋانگارت جەڭچى بولۇشتىكى ۋەزىپە - مەسئۇلىيىتى —

«تېخنىكا ھۆكۈمى»گە ئەمەس، بەلكى «قىممەت ھۆكۈمى»گە ئەھمىيەت بەردى، مەمۇرىي مۇلازىمەت كۆزنىكىنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى قوبۇل قىلغۇچى خادىملار «پەقەت YESلا دەيدۇ، NO دېمەيدۇ»... كەسىپ تەرەققىياتىدىكى تۈزۈم بوغما ھالىتى ۋە كارخانىلارنىڭ ئاغرىق نۇقتىسى، توسۇق نۇقتىسىنى نىشانلاپ، پۇدۇڭ قاتتىق تەدبىر، ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئىسلاھات ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈردى، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى.

خېمانىڭ ھېكايىسى پۇدۇڭنىڭ ئىسلاھات جەريانىدا بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتقانلىقىنىڭ تېپىك مىسالى. 2015 - يىلى خېما پۇدۇڭدا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، يېمەك - ئىچمەك، تاللا بازىرى ۋە توردا تاماق زاكاز قىلىش يۇغۇرۇلغان بۇ خىل «قاندىغاي»چە كەسىپ ھالىتىگە قانداق كىنىشكا بېجىرىش كېرەك، قانداق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش كېرەك، دېگەنلەر بىرمەھەل قىيىن مەسىلىگە ئايلانغانىدى.

كارخانىلارنىڭ ئىجازەت جەھەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، ھۆكۈمەتنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پۇدۇڭ باشلامچىلىق بىلەن نۇقتىدا سىناق قىلىپ، خېماغا «تۇغۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كۆندىلىك نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، خېمانىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى. بۈگۈنكى كۈندە، خېما يېڭى پارچە سېتىشتىكى ۋەكىللىك كارخانىغا ئايلاندى، ئۇنىڭ پۈتۈن يەر شارىۋى باش ئىشتابىمۇ پۇدۇڭغا رەسمىي ماكانلاشتى.

يەر شارىۋى نەزەر بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى پىلانلاش، بۇ، پۇدۇڭنىڭ خەلقئارا ھەمكارلىق، رىقابەتكە يۈزلەنگەندە زىممىسىگە ئالغان «قالتىس مەسئۇلىيەت چانلىقى» —

جۇڭگودىكى يىگىمدىن قۇرۇلغان بىر بىيوتېخنىكا شىركىتى پەقەت «يەتتە - سەككىز تال مىلتىق»ى بار تۇرۇقلۇق پۈتۈن يەر شارى بويىچە تۇنجى يېڭى دورىنى ياساپ چىقالامدۇ؟ بۇ، يەتتەكلى بولمايدىغان ئارزۇ ئەمەس، بەلكى يۈزبېرىۋاتقان پاكىت. 2011 - يىلى قۇرۇلغان خۇالىڭ دورىگەرلىكى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن يەر شارى بويىچە تۇنجى بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان دىيابېت كېسەللى ئاغرىقلىرى ئىچىدىغان يېڭى دورىنى 3 - باسقۇچلۇق كلىنىكىلىق سىناق باسقۇچىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك كىرگۈزدى. خۇالىڭ دورىگەرلىكىنىڭ قۇرغۇچىسى چېن لى مۇنداق دېدى: جاڭجياڭ ياخشى يېڭىلىق يارىتىش ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىغا ئىگە. جاڭجياڭدىن چىقماي تۇرۇپلا كلىنىكىلىق تەتقىقاتتىن تارتىپ دورىنى بازارغا سېلىشقىچە بولغان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشدا ھەرقايسى ھالقا، ھەر خىل ئىختىساسلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ھەر ۋاقىت ئەستىن چىقارمىدى، شۇنداقلا جاڭجياڭ ئىلىم - پەن شەھەرچىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى.

2018 - يىلى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جاڭجياڭ ئىلىم - پەن شەھەرچىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىكى تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، «ۋاراتا ئالدىدىكى توپ»نى ياخشى تېپىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش، كونا - يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى ئالماشتۇرۇشنى تېزلىتىشتىكى مۇھىم، زور رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

2019 - يىلدىكى يېڭى يىللىق تەبرىك سۆزىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم جاڭجياڭ ئىلىم - پەن شەھەرچىسىنى تىلغا ئېلىپ: «شاڭخەي جاڭجياڭنىڭ ھايا تىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ» دېدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، پۇدۇڭدا شاڭخەي يەر شارىۋى پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىنىڭ يادرولۇق يۈكلىمە رايونى قۇرۇشنى تۆپ قوللانما بىلەن تەمىنلىدى.

بىر تەرەپتىن، ئۇل تەتقىقات، دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىش نىشانلاندى، پۇدۇڭ يېڭى رايوندا 2025 - يىلغا بارغاندا ئون چوڭ ئىلىم - پەن ئەسلىھەسى قۇرۇپ چىقىپ، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان چوڭ ئىلىم - پەن ئەسلىھەلىرى توپىنى شەكىللەندۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، دىققەت «ۋاراتا ئالدىدىكى توپ»قا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، پۇدۇڭدا «جۇڭگو ئۆزىكى» «يېڭىلىق يارىتىلغان دورا» «كۆك ئاسمان ئارزۇسى» قاتارلىق ئالتە «100 مىليارد دەرىجىلىك» قالتىس كەسىپنى يېتىلدۈرۈش تېزلىتىلدى.

## 30 ياشلىق قىران مەزگىلدە قايتا ئاتلىنىش

پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش شاڭخەينىڭ ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشىغا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، چاڭجياڭ دېلتىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى ئوينايدۇ.

2020 - يىلى 8 - ئايدا، ئەنخۇي خېفېيدا ئېچىلغان چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى يۈكسەك سۈرئەتتە ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: پۇدۇڭنىڭ ئىسلاھاتتا سىستېمىلىق، توپلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش، يۇقىرى سەۋىيەلىك تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىش، يەر شارىۋى بايلىقنى تەقسىملەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، شەھەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىن يولغا قويۇشى، ئالدىن سىناق قىلىشى، پائال ئىزدىنىشى، تەجرىبە يارىتىشنى قوللاش شاڭخەي ھەمدە چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھەتتا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئىسلاھاتنىڭ يېڭى سىناق نۇقتىسى بولۇشنى داۋاملىق زىممىسىگە ئېلىش —

پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۆزى بىر تۈرلۈك ئەسىر ھالقىغان دۆلەت ئىستراتېگىيەسى. 2018 - يىلى، باش شۇجى شى جىنپىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە قاتناشقاندا، شاڭخەيگە ئۈچ تۈرلۈك يېڭى مۇھىم، زور ۋەزىپىنى تاپشۇردى. ئىچىدە، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەممىبەھرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپىگە سىڭدۈرۈلدى.

شاڭخەي ئەركىن سودا سىناق رايونىنى لىنگاڭ يېڭى تەۋەلىك رايونى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ ناھايىتى زور بىر قىسىم رايونى دەل پۇدۇڭدا. «قەدەم ئېلىشنىڭ ئۆزى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىش، باشلاشنىڭ ئۆزى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش»تىن ئىبارەت ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ پەسلىدە، لىنگاڭ يېڭى تەۋەلىك رايونى 20 مىليارد 230 مىليون يۈەن كەسىپ سېلىنمىسىنى تاماملىدى، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 52.2% ئېشىپ، «شامالغا قارشى ئىلگىرىلەش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شەھەرنى ئالدىنقى قاتاردا ئىدارە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا شەھەر ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ئۆرنىكىنى تەقدىم قىلىش —

يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ «يېڭى»لىقى دەل ئۇنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش باسقۇچى ئىكەنلىكىدە. ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى قانداق ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى جەزمەن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئال.

يېقىندا، پۇدۇڭدىكى «ئالتۇن رەڭلىك ئوتتۇرا ئايلانما تەرەققىيات بەلبېغى» نۇقتىلىق تۈردە مەركەزلىك ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئومۇمىي سېلىنمىسى تەخمىنەن 40 مىليارد يۈەن.

«ئالتۇن رەڭ ئوتتۇرا ئايلانما» پۇدۇڭ يولغا قويغان «ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش پىلانى»دىكى مۇھىم تۈتقا. 2020 - يىلى، كەسىپ ئېنېرگىيە دەرىجىسى، تۈر سېلىنمىسى، فۇنكسىيە ئەۋزەللىكى، يەر ئۈنۈمى، مۇلازىمەت ئۈنۈم ئىقتىدارىدىن ئىبارەت «بەش چوڭ ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش ھەرىكىتى» پۈتۈن كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، پۇدۇڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 2 تىرىليون يۈەنگە قاراپ يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولىدى.

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئىقتىساد ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئىقتىسادنى ئىدارە قىلىش، جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىش ۋە شەھەرنى ئىدارە قىلىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، سىستېمىلىق توپلاشتۇرۇش پۇدۇڭ دەل جۇڭگوچە ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان يول.

ئەقلىي ئىدارە قىلىش پۇدۇڭنىڭ خاسلىقى. پۇدۇڭ شەھەر يۈرۈشتۈرۈش - باشقۇرۇش مەركىزىگە كىرگەندە، چوڭ ئېكراندا شۇ كۈندىكى شەھەرنىڭ يۈرۈشۈش «ئالامەتلىرى»نى ھەر ۋاقىت كۆرگىلى بولىدۇ، مەسىلەن، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش، ئايرودرومدىكى يولۇچىلار ئېقىمى، دەريا يولىردىكى بۇلغىنىش قاتارلىقلار.

ماھىرلىق بىلەن ئىدارە قىلىش پۇدۇڭنىڭ تەگ رېڭى. يېڭى نۇسخىدىكى ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كارتىسىنى ئىلتىماس قىلىپ ئېلىش، شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى ھەققىنى تاپشۇرۇش... پۇدۇڭدا پۇقرالار ئادەتتە بېجىرىشكە ئېھتىياجلىق 212 تۈرلۈك ئىشنىڭ ھەممىسىنى «ئىشىك ئالدىدىلا» بېجىرەلەيدۇ.

دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا بازارنى تۇتاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېزدىن بەرپا قىلىش يېڭى يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش —

2019 - يىلى، باش شۇجى شى جىنپىڭ شاڭخەيدە تەكشۈرۈشتە بولغاندا، شاڭخەيگە «تۆت چوڭ فۇنكسىيە»نى يەنىمۇ كۈچەيتىش تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: يەنى يەر شارىۋى بايلىق تەقسىملەش فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەنبە فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئالىي كەسىپلەرنىڭ يېتەكچىلىك قىلىش فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئېچىۋېتىلگەن تۈگۈن دەرۋازىسىلىق فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. پۇدۇڭ دەل «تۆت چوڭ فۇنكسىيە»نى ئۈستىگە ئالىدىغان مۇھىم ۋاستە.

بۇ يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يەنە دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. «تۆت چوڭ فۇنكسىيە»نى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئىستراتېگىيەلىك كۈچەش نۇقتىسى قىلغان پۇدۇڭ دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنىڭ مەركىزىي تۈگۈن ۋە دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك زەنجىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بەرپا قىلدى.

تارىختا ئەڭ ياخشى قايتىلاپ قاراشنىڭ ئۆزى يېڭى تارىخ يارىتىشتۇر.

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، غەمخورلۇقىدا، دۆلەت ئىستراتېگىيەسىنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىكىدە، قىرانلىق مەزگىلدىكى پۇدۇڭ قايتا يولغا چىقىپ، يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ئېگىزلىكىنى جاسارەت بىلەن بەرپا قىلىپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور كۈچ قوشقۇسى.

**(مۇخبىرلار جياڭ ۋېي، شيې رۈيجيا، جى مىڭ، ئەنبېي، خې شىنرۇڭ، شېن چېڭ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى)**